«قىزىل يىڭناغۇچ» رەسىملىك چۆچەكلەر مەجمۇئەسى



# كۆلچەكتىكى «لاي ئالۋاستى»

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

كۆلچەكتىكى «لاي ئالۋاستى»

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : ئازات بارات



ISBN 978-7-5469-3922-3
9 787546 939223

定价：29.80元

上架建议：少儿专柜

www.uyghurkitap.com

«قىزىل يىڭناغۇچ» رەسىملىك چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# كۆلچەكتىكى «لاي ئالۋاستى»

تەرجىمە قىلغۇچى: سائادەت ئىمىن



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

بۇ كىتاب بېيجىڭ ئېلېكترون سانائەت نەشرىياتى 2010 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北京电子工业出版社 2010 年 1 月第 1 版，第 1 次印刷版本翻译出版。

**پىلانلىغۇچى:** يۇ ۋېنشېڭ
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** مۇرات ئالىم
ماموت ئىسمايىل
**مەسئۇل كوررېكتورى:** مېھرىبان نۇرئەخمەت

**گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى:** ئازات بارات
**تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى:** ياسىن ئوبۇلقاسىم
**باسما مەسئۇلى:** ليۇ ۋېييۇ

«قىزىل يىڭناغۇچ» رەسىملىك چۆچەكلەر مەجمۇئەسى

# كۆلچەكتىكى «لاي ئالۋاستى»

تەرجىمە قىلغۇچى: سائادەت ئىمىن

---

**نەشرقىلغۇچى:** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
**پوچتا نومۇرى:** 830026
**تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**تور دۇكىنى:** داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
**بەت ياسىغۇچى:** ئۈرۈمچى بياۋگەنجى مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شىنخۇا مەتبەئە چەكلىك شىركىتى
**فورماتى:** 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/16
**باسما تاۋىقى:** 8
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى:** 2014 ـ يىلى 10 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 5469 - 3922 - 3
**باھاسى:** 29.80 يۈەن

---

**تور نەشرى:** دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
**تور كىتابخانىسى:** تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئاجايىپ ياخشى رەسىملىك پەننىي كىتاب

## —— كىچىك ئوقۇرمەنلەرگە

سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار، ھەر قېتىم تېلېۋىزور ئالدىدا ئولتۇرۇپ، پۈتۈن زېھنىڭىز بىلەن تەسىرلىك ھەم جانلىق كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگىنىڭىزدە، لىرىك مۇزىكىلاردىن بەھرىلەنگىنىڭىزدە، يەسلى ياكى باغچىلارغا بېرىپ قىزىقارلىق ئويۇنچۇقلارنى، ئېلېكترونلۇق ئويۇنلارنى زوق بىلەن ئوينىغىنىڭىزدا ياكى ئاتا ـ ئانىڭىز بىلەن تاغۇ ـ دەريا، باغۇ ـ بوستانلارنى سەيلە قىلغىنىڭىزدا... سىزدە ھەرخىل تەسىرات ۋە سوئاللار تۇغۇلۇپ، ئىلىم ـ پەن دېڭىزىغا غەرق بولامسىز؟ ئىلىم ـ پەن سىرلىقتۇر، ئىلىم ـ پەن گۈزەلدۇر، ھەممىدە ھەممىگە چېتىشلىقتۇر.

قولىڭىزدىكى بۇ كىتاب بەئەينى ئىلىم ـ پەن دېڭىزىدا كېزىۋاتقان ئالتۇن كېمىگە ئوخشاش، گۈزەل تىللارنى، جانلىق ھەم قىزىقارلىق رەسىملەرنى ۋە پەننىي بىلىملەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، چۆچەكلەردەك ئىپادىلەش ئۇسۇلى ئارقىلىق سىزگە ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

سىزنىڭ ئىلىم ـ پەن دۇنياسىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ، ئىچىدىكى سىرلىق دۇنيانى چۈشىنىشىڭىزگە، ئىلىم ـ پەننىڭ مۇھىملىقىنى بىلىشىڭىزگە، ھەمدە ئاشۇ ئىلىم ـ پەنگە تولغان دۇنيادا ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىڭىزگە ياردەم بېرىدۇ.



# مۇندەرىجە


كۆلچەكتىكى «لاي ئالۋاستى» .......................... 1

قىزىل پاراشوت ........................................ 25

سەكرەپ- تاقلاشنى ياخشى كۆرىدىغان مۇشتلاشچىلار 49

دالادىكى كىچىك قاراۋۇل .......................... 73

يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن «تۆت ئوخشىماس» ......... 97












www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# كۆلچەكتىكى «لاي ئالۋاستى»





ياۋايى ھايۋانات باغچىسىدا بىر
شادىمان تۈلكە ياشايتتى. بىركۈنى
ئۇ لاي كۆلچەك يېنىدىن ئۆتۈپ
كېتىۋېتىپ «شالدۇر - شۇلدۇر»
قىلغان ئاۋازنى ئاڭلاپ شۇنداقلا قا-
رىغانىدى، قاپقارا بىر غەلىتە مەخ-
لۇقنىڭ لايدا ئۇياقتىن - بۇياققا
ئېغىناپ، پۈتۈن - بەدىنىنى لاي
قىلىۋالغانلىقىنى، پەقەت پىلدىر-
لاپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن بىرى
ئۇزۇن، بىرى قىسقا بىر جۈپ مۈڭ-
گۈزىنىڭلا سىرتتا تۇرغانلىقىنى
كۆرۈپ قالدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

تۇلكىنىڭ قورقۇپ جېنى چىقايلا دەپ قالدى ـ دە، ئالدى ـ كەي ـ ىنگە قارىماي قاچتى، يولبويى:

ــ قېچىڭلار! كۆلچەكتە لاي ئالۋاستى بارئىكەن! ــ دەپ تووۋلاپ ماڭدى. تۇلكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ھېلىقى «لاي ئالۋاستى» كۆل ـ چەكتىن يۈگۈرۈپ چىقىپلا تۇلكىنىڭ كەينىگە ئەگەشتى. تۇلكە ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئىتتىك يۈگۈرۈشكە باشلىدى ھەم جېنىنىڭ بارىچە:

ــ قۇتقۇزۇڭلار، لاي ئالۋاستى كەلدى! ــ دەپ ۋارقىرىدى.

تۈلكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان باشقا ھايۋانلار نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى، كېيىن ئۇنىڭ «لاي ئالۋاستى» دېگىنىنى ئاڭلىغان ھامان ئالاقزادە بولۇپ ئالدى تەرەپكە قاراپ قاچتى.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

كىچىك ھايۋانلار تەرەپ - تەرەپكە پىتىراپ كەتتى. ئۇلارمۇ قاچقاچ «لاي ئالۋاستى!» «قۇتقۇزۇڭلار!» دەپ توۋلايتتى. «لاي ئالۋاستى» بولسا ۋارقىرىدىغان ئاۋازنى ئاڭلىغانسېرى تېخىمۇ تېز يۈگۈرۈشكە باشلاپ ھايال ئۆتمەيلا تۈلكىگە يېتىشىۋالدى.





تۈلكە قاچە ـ قاچە ھېرىپ ھالىدىن كەتتى، يەرگە لاسسىدە ئۆزىنى ئېتىپ كۆڭلىدە: تۈگەشتىم، «لاي ئالـ ۋاستى» يەۋېتىدىغان بولدى! دېگەنلەرنى ئويلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئويلىمىغان يەردىن، تۈلكە «لاي ئالۋاستى»نىڭ ئالاقزادىلىك بىلەن:
— لاي ئالۋاستى قېنى، قەيەردە؟ — دەپ سورىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



تۈلكە قورققىنىدىن دۇدۇقلاپ:
— سىز ... سىز ئەمەسمۇ؟ —
دېيەلىدى.

«لاي ئالۋاستى» داڭقىتىپ تۇرۇپلا قالدى، ئاندىن
كۈلۈپ كەتتى ـ دە:

— مەن راستتىنلا لاي ئالۋاستى بار ئوخشايدۇ دەپ
قاپتىمەن. سىز ئەسلىيدە مېنى لاي ئالۋاستى دەپ قاپ-
سىز دە! — دېدى. تۆلكە كۆزىنى يوغان ئېچىپ سەپسې-
لىپ قارىسا، ۋاھ، ئۇ يېڭىلا بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەن
كەركىدان ئىكەن ئەمەسمۇ! تۆلكىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— سىز نېمىشقا لاي كۆلچىكىگە چۈشۈپ لاي ئال-
ۋاستى سىياقىغا كىرىۋېلىپ قورقىتىپ يۈرد-
سىز؟ — دېدى.





www.uyghurkitap.com



كەركىدان ئازار يېگەن قىياپەتتە مەيۈسلىنىپ:

ــ مەن سىزنى قورقۇتمىدىم، يۈيۈنۈۋاتقان ئىدىم! ــ دېدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



— «يۇيۇنۇش؟ نېمىشقا كۆلدىكى پاكىز سۇدا يۇيۇنمايسىز؟»

— نېمىشقا پاتقاقتا ئېغىنايسىز؟ — كىچىك هايۋانلارمۇ ئۇنى قورشىۋېلىپ ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىزدىن سوراشقا باشلىدى.

كەركىدان چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى:

— پاشا ـ كۇمۇتىلار چېقىپ ئارام بەرمىگەندى يانىدىكى لاي كۆلچىكنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئىچىدە ئېغىنغانىدىم.



ئۇلار ئاڭلىغانسېرى قايمۇقۇپ قېلىشتى، بىرى «بۇنىڭ لايغا ئېغىنىشىڭىز بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟» دېسە، يەنە بىرى «ئۇنىڭ ئۇستىگە، سىزنىڭ تېرىڭىز ئوقمۇ ئۆتمىگۇدەك، پىچاقتا كەسكىلى بولمىغۇدەك قېلىن ئىكەن، پاشىنىڭ چاقىقىنىدىن نېمانچە قورقۇپ كېتىسىز؟» دېدى.



www.uyghurkitap.com

— بىراق مېنىڭ قېلىن تېرەم ئۈستىدە نۇرغۇن پۇرۇم - پۇرۇم قورۇقلار بار، ھەربىر پۇرۇمنىڭ ئارىسىدىكى تېرەم ناھايىتى نېپىز، شۇڭا كۇمۇتلار ئاشۇ يەردىكى يوچۇقلارغا كىرىۋېلىپ مېنى چاقىدۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





كەركىدان يەنە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى:

— ئۇ يەرگە كىرىۋالغان پاشىلار چېقىپ، جىنىمغا ئارام بەرمەي-
دۇ، شۇڭا لاي - پاتقاقتا ئېغىناپ، ئاشۇ پۇرۇم - پۇرۇم قورۇقلار ئا-
رىسىدىكى يوچۇقلارغا كىرىۋالغان پارازىت قۇرت، پاشا - كۆمۈت-
لارنى تازىلايمەن.





— ھە ... ئەسلىدە مۇنداق ئىكەندە! — سەۋەبىنى بىلگەن تۇلكە كەركىدانىنى «لاي ئالۋاستى سىياقىغا كىرىۋېلىپ قورقۇتتىڭىز» دەپ ئەيىبلىمەيدىغان بولدى، كەركىدانمۇ تۇلكىنىڭ ئۆزىنى خاتا ئەيىبلەپ قويغىنىدىن رەنجىپ يۈرمەيدىغان بولدى. ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئامبىرى
www.uyghurkitap.com




# بىز يۇيۇنۇشنى ياخشى كۆرىمىز

## پائالىيەت مەقستى

1. بالىلارنىڭ ئۆز بەدىنىدىكى ھەربىر ئەزانىڭ نامىنى بىلىۋېلىشىغا ياردەم بېرىش.

2. بالىلاردا يۇيۇنۇپ تۇرۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ھەمدە يۇيۇنۇشنىڭ بەدەنگە قانداق پايدىسى بولىدىغانلىقىنى ئىگىلىتىش.

## پائالىيەت تەييارلىقى



ئويۇنچۇق چىنە - قوشۇق، سۇلياۋ قونچاق، كىچىك داس قاتارلىقلار

## پائالىيەت جەريانى

1. ئائىلە باشلىقى بالىسىنى يۇيۇندۇرغاچ پىل، چۈجە، ئاسلانلارنىڭ قانداق يۇيۇنىدىغانلىقى توغرىسىدا ھېكايە سۆزلەپ بېرىدۇ.









www.uyghurkitap.com





2. بالىسىغا چىنە، قوشۇق قاتارلىقلارنى تەييارلاپ بېرىدۇ، ھەمدە بەدەندىكى ھەربىر ئەزانىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرىدۇ. بالىسىنىڭ قايسى ئەزاسىغا سۇ قۇيسا شۇ ئەزانىڭ، مەسىلەن، بۇرۇن، يەلكە، قولتۇق ۋە تىز قاتارلىقلارنىڭ نامىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.





3. بالىسىغا سۇلياۋ قونچاقنى يۇيۇق، دەيدۇ ھەم يۇيۇش جەريانىدا ھەربىر ئەزاسىنىڭ نامىنى ئېيتقۇزىدۇ.

## پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش..............................................

ئائىلە باشلىقى بالىسىنى ھايۋانات باغچىسىغا ئاپىرىپ كەركىدان ۋە باشقا ھايۋانلار (مەسىلەن، پىل، توخۇ، مۈشۈك قاتارلىق)نىڭ قانداق يۇيۇنىدىغانلىقىنى كۆزەتكۈزىدۇ، بالىسىغا ئۇلارنىڭ يۇيۇنۇش ئۇسۇلىدا قانداق ئوخشىماسلىقلار بارلىقىنى ئېيتقۇزىدۇ.

## پائالىيەت ئەھمىيىتى ..............................................

پائالىيەت ئارقىلىق بالىلارغا ئىنسانلار بىلەن ھايۋانلارنىڭ يۇيۇنۇش ئۇسۇلىدىكى ئوخشىماسلىقلار بىلدۈرۈلىدۇ، بالىلارنىڭ ھايۋانلارنى چۈشىنىشى كۈچەيتىلىدۇ ھەمدە ئۇلارنىڭ كۆزىتىش ئىقتىدارى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.




# كەركىدان نېمە ئۈچۈن «لاي - پاتقاق»تا يۇيۇنىدۇ؟

كىچىك دوست، سىز كەركىداننى كۆرۈپ باققانمۇ؟

كەركىدان (مۈڭگۈز تۇمشۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ)نىڭ بەدىنى ئاجايىپ قوپال، كېلەڭسىز، پۇتلىرى بەئەينى توقماقتەك قىسقا، بېشى ئالامەت يوغان، بېشىنىڭ ئىككى يېنىدا بىردىن كىچىك كۆزى بولىدۇ. پۈتۈن بەدىنىنى خۇددى دۇبۇلغا ساۋۇت كىيگۈزۈپ قويۇلغاندەك قېلىن تېرىسى ئوراپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بەدىنى ھەيۋەتلىك يوغان، كۆرۈنۈشى سەت بولغىنى بىلەن مىجەزى مۇلايىم، قورقۇنچاق بولۇپ، ئاسانلىقچە ئادەم ۋە ھايۋانلارنى زەخىملەندۈرمەيدۇ.

بىراق، ئۇلار خېيىم - خەتەرگە ياكى قېيىن ئەھۋالغا ئۇچراپ قالسا، شۇنداق ۋەھشىيلىشىپ كېتىدۇكى، قىلچە ئىككىلەنمەستىن ئۆز دۈشمىنىگە ئېتىلىدۇ. كەركىداننىڭ تېرىسى گەرچە ناھايىتى چىداملىق بولغىنى بىلەن بوشاپ - ساڭگىلاپ كەتكەچكە، پۇرۇم - پۇرۇم قورۇقلار بار؛ بۇ پۇرمىلەر ئارىسىدىكى تېرىسى ئىنتايىن يۇمران بولغاچقا، نۇرغۇن پارازىت قۇرتلار كىرىۋالىدۇ. بۇلارنى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن، ئۇ ھەمىشە لاي - پاتقاقتا ئېغىنايدۇ. تېخىمۇ قىزىق يېرى، يەنە بىر خىل كەركىدان قۇش دەپ ئاتىلىدىغان قۇش دائىم كەركىداننىڭ ئۈستىگە قونۇۋېلىپ پارازىت قۇرتلارنى تازىلايدۇ. ھايۋاناتلار باغچىسىدا، ئۇلارنى باقىدىغانلار قەرەللىك تۈردە كەركىدانلارنىڭ ئۈستىگە لاي - پاتقاق سۈركەپ تۇرىدۇ، چاۋا - چاتقال ۋە لاي - توپىلارنى چېچىپ تۇرىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، كەركىدانلار راھەت ھېس قىلىدۇ.

كەركىدانلار ئافرىقا ۋە ئاسىيادا ياشايدۇ. ھازىر دۇنيادا قارا كەركىدان، ئاق كەركىدان، ھىندىستان كەركىدانى، سۇماترا كەركىدانى ۋە ياۋا ئارىلى كەركىدانى دېگەن بەش خىل كەركىدان سورتى بار.

ئۇيغۇر كىتاب توربېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قىزىل پاراشوت





بىركۈنى بورسۇقجان (قاشقىئوغلاق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) ئورمانلىقتا ئوزۇق ئىزدەپ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىز «شارت ـ شۇرت» قىلغان ئا-ۋازنى ئاڭلاپ قالدى.

بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ ئېگىز دەرەخ شاخلىرىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈپ يۈرگەن ئىككى تىيىنچاقنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، قورقۇپ كېتىپ:

ــ تىيىنچاقلار، ئېھتىيات قىلىڭلار، يىقىلىپ چۈشمەڭلار يەنە! ـ دەپ توۋلىدى.





www.uyghurkitap.com



قىزىل تىيىنچاق بورسۇقجاننىڭ تۇۋلىشىغا پىسەنت قىلماي قاپقارا كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ئۇنىڭدىن:

ــ بورسۇقجان، نەگە كېتىپ باراتتىڭىز؟ ــ دەپ سورىدى خۇ-شاللىق بىلەن.

بورسۇقچاق جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىماي، جىددىي تۇردە:

ــ بەك خەتەرلىك ئىكەن، تېز چۈشۈپ كېتىڭلار! - دەپ تۇۋلىدى.

دۇمبىسىدە تاغىل سىزىقى بار يەنە بىر قىزىل تىيىنچاق ھى ... ھى ... ھى... قىلىپ كۈلۈۋەتتى - دە:

ــ بۇ قارىغايلار بىزنىڭ ماكانىمىز تۇرسا قانداقسىگە يىقىلىپ چۈشكۈدەكمىز؟ - دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بورسۇقجاننىڭ ئې-
سەنگىرەپ تۇرۇپ قال-
غانلىقىنى كۆرگەن تىيىنچاقلار ئۆز
كارامىتىنى كۆرسىتىپ قويۇش نىي-
تىگە كېلىپ ماموقتەك يۇمشاق
يوغان قۇيرۇقلىرىنى «شارتتلا»
سىلكىپ بۇ دەرەختىن ئۇ دەرەخقە
سەكرەشكە باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى





— ۋاھ! سىلەردە پاراشوت بارئىكەن - ھە! - دەۋەتتى ھەيران قال-غىنىدىن كۆزلىرى بەئەينى ئەينەك ساقىدەك يوپيومىلاق بولۇپ كەتكەن بورسۇقجان.

تىيىنچاقلار «پاراشوت»لىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ھەش - پەش دېگۈ-چە دەرەخ ئۈچىغا چىقىپ قارىغاي مېۋىسىنى ئۈزدى، ئاندىن «شارت» قىلىپ پەسكە سەكرىدى! ئۇنى كۆرگەن بورسۇقجان ھەيرا-نلا قالدى، كۆڭلىدە شۇنچە ئېگىز دەرەختىن سەكرەۋاتىدۇ، چوقۇم يىقىلىپ بىر يېرى زەخىملىنىدۇ، دەپ ئويلىدى.



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىراق بورسۇقجاننىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە، تىيىنچاقلار يەنىلا ئاشۇ چىرايلىق «پاراشوت»لىرىنى ئېچىپ يېنىك ھەم لەرزان ئۇچۇپ يەرگە سىلىققىنە چۈشتى.

— مەڭ، بۇ قارىغاي مېۋىسىنى تېتىپ بېقىڭە! — دېيىشتى ئۇلار بورسۇقجانغا، — بەك مەززىلىك!



بورسۇقجان ئۇلار سۇنغان قارىغاي مېۋىسىنى ئالدى. قول ياغلىقى بىلەن يۈز - كۆزىدىكى تەرنى سۈرتۈپ، كۆكسىنى راسا تولدۇرۇپ بىر نەپەس ئالدى ۋە:

— هايهاي! قورقۇپ جىنىم چىققۇدەك بولدۇم! قالتىس كارامىتىڭلار بار ئىكەن، قۇيرۇقىڭلارنى پاراشوت ئورنىدا ئىشلىتىدىكەنسىلەر ئەمەسمۇ! — دېدى.

تىيىنچاقلار بىر - بىرىگە قارىشىپ بىخىلداپ كۈلۈشۈپ كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

شۇ چاغدا بورسۇقجان تىيىنچاقلار يۇدۇۋالغان سېۋەتلەرگە لىق قاچىلانغان قارىغاي مېۋىسىنى كۆرۈپ ئەجەبلەنگەن هالدا:

— بۇنچىۋالا جىق يىغىۋېلىپ نېمە قىلىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

— ساقلاپ قىشتا يەيمىز دە، ئەلۋەتتە! — دېدى قىزىل تىيىنچاق.





www.uyghurkitap.com



— ھە ... ئەمىسە، سىلەر نەدە تۇ-
رۇسىلەر؟ — سورىدى بورسۇقجان.
تاغىل سىزىقلىق قىزىل تىيىنچاق
جاۋاب بېرىپ:

— دەرەخ كاۋىكىدە تۇرىمىز، ئۇ يەر
بىزنىڭ ئۆيىمىز، — دېدى.

— قىش يېقىنلىشىپ قالدى، دەرەخ
كاۋىكىدە تۇرساڭلار توڭلاپ قالامسى-
لەر؟ — دېدى بورسۇقجان بارغانسېرى
قىزىقسىنىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ــ ها ... ها ... ها... قانداقسىگە توڭلاپ قالغۇدەكمىز؟ يوغان قۇيرۇقىمىزنى يېپىنچاقلىۋالىدىغان تۇرساق، ــ دېدى قىزىل تىيىنچاق كۈلۈپ.

تاغىل سىزىقلىق قىزىل تىيىنچاق يوغان قۇيرۇقىنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ:

ــ هەي، قاراڭ، بىزنىڭ قۇيرۇقىمىز بەئەينى بىر يوغان يوتقاندەك ناهايىتى ئىسسىق! ــ دېدى.

ــ هە ... يوغان قۇيرۇقىڭلارنىڭ شۇنچە كۆپ رولى بارلىقىنى ئويلاپ باقمىغان ئىكەنمەن! ــ دېدى بورسۇقجان هەۋەس قىلىپ.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com





بورسۇقجان تىينچاقلار بىلەن خوشلىـ
شىپ ئۇزۇق ئىزدەپ كەتتى. يولبويى تىينـ
چاقلارنىڭ ئاشۇ خىسلەتلىك يوغان قۇيرۇقـ
لىرىنى ئويلاپ ئۆزىمۇ سەزمىگەن هالدا
غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

هەي تىينچاقلار، هەي تىينچاقلار.
قۇيرۇقىڭلاردا باركەن ئېسىل كارامەت،
دەرەختىن ـ دەرەخقە سەكرىگەن چاغدا.
بولاركەن ئۇ سىلەرگە گۈزەل پاراشوت.
پەپىلەپ، ئاۋايلاپ چۇشۇرەر ئىكەن،
ئېگىزدىن ـ پەسكە شۇڭغۇغان چاغدا.
قىش ـ زېمستاندا يېپىنچا بولۇپ،
ئوخلىتاركەن ئەللەيلەپ ئىللىق قوينىدا.



www.uyghurkitap.com







# تىيىننىڭ قۇيرۇقى

## پائالىيەت مەقسىتى

بالىلارغا تىيىن قۇيرۇقىنىڭ بەدىنىنى ئىسسىتىش رولى بىلدۈرۈلىدۇ، ھايۋانلارغا كۆيۈنۈش لازىملىقى ئۇقتۇرۇلىدۇ، ھايۋانلارنى قوغداش ئېڭى كۈچەيتىلىدۇ.

## پائالىيەت تەييارلىقى

ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ بالىلىرىنى ھايۋانات باغچىسى ياكى تىيىن دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان ئورمانلىقلارغا ئاپىرىپ تىيىننى كۆرسىتىشى، بالىلارنىڭ تىيىننىڭ ھەرىكىتى، ئادىتى ۋە ياشاش ئۇسۇلىنى تەپسىلىي كۆزىتىشى ھەققىدە تەكلىپ بېرىمىز.



تىيىنغا ئالاقىدار رەسىم، ئېلېكترون دىسكا قاتارلىق ئالاقىدار ماتېرىياللارنى توپلاش.

يۇڭ شارپا ياكى سۇنئىي يۇڭدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار، مەسىلەن، يۇڭ پەلەي، كۆرپە قاتارلىقلار.



## پائالىيەت جەريانى

1. بالىلار ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن بىرلىكتە تىيىننىڭ رەسىمىنى سىزىدۇ.

2. تىيىننى كۆزىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىدىكى ئالاھىدىلىك (مامۇقتەك يۇمشاق ئۇزۇن ھەم يوغان قۇيرۇقى)نى ئېيتىپ چىقىدۇ.

www.uyghurkitap.com





3. بالىسغا تىيىن قۇيرۇقىنىڭ قانداق رولى بارلىقىنى ئېيتقۇزىدۇ.



4. بالىنىڭ بوينىغا شارپا ئوراپ، قولىغا پەلەي كىيگۈزۈپ بولۇپ، ھاۋا سوۋۇپ كەتكەندە تىيىننىڭ بەدىنىنى قانداق ئىسسىتىدىغانلىقىنى سۆزلىتىدۇ.

## پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش ..............................

1. بالىسنى دالاغا ئاپىرىپ تىيىننى كۆزەتكۈزىدۇ.
2. رەسىم ياكى دىسكا كۆرسىتىش ئارقىلىق، تىيىننىڭ دەرەختىن - دەرەخقە سەكرەش جەر-ياىندا قۇيرۇقىنىڭ قانداق رول ئوينايدىغانلىقى بىلدۈرۈلىدۇ.

## پائالىيەتنىڭ ئەھمىيتى ..............................

بۇ پائالىيەت ئارقىلىق، باللارغا تىيىننىڭ تاشقى قىياپەت ئالاھىدىلىكلىرى ھەمدە ياشاش خۇسۇسىيىتى بىلدۈرۈلۈپ، كۆزىتىش ئىقتىدارى يېتىلدۈرۈلىدۇ، ھايۋانلارغا كۆيۈنۈش ۋە ئۇلارنى قوغداش ئېڭى قوزغىتىلىدۇ.




## تىيىنلار قانداق ياشايدۇ؟

كىچىك دوستلار، تىيىننى كۆرۈپ باقتىڭلارمۇ؟ ئۇلارنىڭ قانداق ياشايدىغانلىقىنى بىلگۈڭلار بارمۇ؟ تىيىنلار بۈك- باراقسان دەرەخ شاخلىرىغا ئۇۋا سېلىشنى ياكى قاغا، سېغىزخانلارنىڭ كونا ئۇۋىلىرىدا تۇرۇشنى ياخشى كۆرىدۇ، بەزىدە دەرەخ كامىرىنى ئۇۋا قىلىپ ئىشلىتىدۇ. ئۇلار ياۋا مېۋىلەرنى يېگەندىن تاشقىرى، يەنە دەل- دەرەخلەرنىڭ يۇمران شاخلىرى، بىخلىرى، يوپۇرماقلىرىنى ھەمدە قۇرت- قوڭغۇز، ھاشارەت ۋە قۇشلارنىڭ تۇخۇملىرىنى يەيدۇ.

كۈز كېلىشى بىلەن تىيىنلار ئوزۇق- تۈلۈك توپلاشقا كىرىشىدۇ، بىر تىيىن بىرنەچچە كىلوگىرام ئېغىرلىقتىكى ئوزۇقنى بىرنەچچە يەرگە بۆلۈپ ساقلايدۇ. بەزىدە ئوزۇقنىڭ سېسىپ قالماسلىقى ئۈچۈن دەرەخكە ئېسىپ قۇرۇتىدۇ. شۇڭا قەھرىتان سوغۇق قىشتا قورساقنىڭ غېمىنى قىلماي يېتىپ يەيدۇ.

تىيىن قۇيرۇقىنىڭ رولى:

1. تىيىن قۇيرۇقىنى يىغىۋالغاندا، گويا سۇپۇرگىگە ئوخشاپ قالىدۇ- دە، ياتقان يېرىنى سۇپۇرىدۇ.

2. قۇيرۇقىنى ئېچىۋەتكەندە، گويا پاراشوتقا ئوخشاپ قالىدۇ- دە، ساق- سالامەت يەرگە چۈشىدۇ.

3. قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈۋالغاندا گويا يەلكەنگە ئوخشاپ قالىدۇ- دە، سۇ ئۈزەلەيدۇ.

4. قۇيرۇقىنى گويا يوتقاندەك ئۈستىگە يېپىۋېلىپ، سوغۇقتىن ساقلىنىدۇ.

5. دەرەختىن- دەرەخكە سەكرىگەندە، يۆنىلىش بەلگىلەش رولىنى ئوينايدۇ.

6. يېقىندا ئالىملار تىيىنلارنىڭ قۇيرۇقلىرىنى ئۇياقتىن- بۇياققا پۇلاڭلاتقان ھەرىكىتى ئۆز ئارا «سۆزلەشكەنلىكى» ئىكەنلىكىنى بايقىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# سەكرەپ - تاقلاشنى ياخشى كۆرىدىغان مۇشتلاشچىلار



كېنگۇرۇ پادىشاھلىقىدا ئاجايىپ كەسكىن مۇشتلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى. ھەممەيلەن كىمنىڭ چېمپىيون بولۇشى ئۇستىدە بەس ـ بەستە مۇنازىرىگە چۈشتى.

— شىياۋجى چوقۇم چېمپىيون بولىدۇ!

— ياق، چېمپىيونلۇقنى شىياۋمى ئالىدۇ!

كېنگۇرۇلار كىمنىڭ يېڭىپ، كىمنىڭ يېڭىلىپ قېلىشى توغرىسىدا بەسلىشىپ ھارمىدى. بەزىلىرى شىياۋجىنى قوللىسا، بەزىلىرى شىياۋمىنى قوللايتتى.



www.uyghurkitap.com



كېنگۇرۇلار نېمە ئۈچۈن مۇشتلىشىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىـ
دۇ؟ ئۇلار يايلاقتا دائىم دۈشمەنگە ئۇچراپ قېلىپ قۇتۇلۇشقا
ئامال قىلالمىغاندا مۇشتلىشىش ئارقىلىق ئۆزىنى قوغدايدۇ. شۇڭا
ئۇلار مۇشۇنداق مۇسابىقە ئارقىلىق مۇشتلىشىش ماھارىتىنى يۇقىـ
رى كۆتۈرمەكچى بولۇشىدۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇ يىلقى مۇشتلىشىش مۇسابىقىسىدە نۇرغۇن قېتىملىق شاللاشتىن كېيىن قىزىل كىيىم كىيگەن شىياۋجى بىلەن كۆك كىيىم كىيگەن شىياۋمى ئىككىسى تاللىنىپ چېمپىيونلۇق تالىشىدىغان بولدى.

كېنگۇرۇلار پادىشاھى مۇسابىقىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلىغان چاغدا، پۈتكۈل يايلاقتا «ھۇررا» سادالىرى ياڭرىدى.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



شياۋجى بىلەن شياۋمىنىڭ بىرى شەرق، بىرى غەرب تەرەپتىن سەكرەپ ـ تاقلىغىنىچە مەيدانغا كىردى.

كېنگۇرۇلارنىڭ گەرچە تۆت پۇتى بولسىمۇ، لېكىن ئىككى ئالدى پۇتى قىسقا بولغاچقا، پۇتۇنلەي كۈچلۈك بولغان ئىككى ئارقا پۇتىغا تايىنىپ سەكرەپ ـ تاقلاپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com



شىياۋجى ھەقىقەتەن ماھىر دېيىشكە لايىق ئىكەن، ئۇ تۇگۈلۈپ تۇرۇپ بىر تاقىلىغانىدى بىراقلا تۆت مېتىردىن ئارتۇقراق ئېگىز-لىككە تاقىلدى، شىياۋمىمۇ قالتىسكەن، ئۇ بىر قېتىمدىلا ئون نەچچە مېتىر يىراققا سەكرىدى.

تاماشا كۆرۈۋاتقان كېنگۇرۇلار يوغان قۇيرۇق-لىرىنى يەرگە ئۇرۇشقا باشلىغانىدى، يايلاقتا نا-ھايىتى رېتىملىق «پاق - پاق» قىلغان سادالار ياڭ-رىدى.



www.uyghurkitap.com

مۇسابىقە رەسمىي باشلاندى. شىاۋجى بىلەن شىاۋمى ئۇزۇن قۇيرۇقىنى يەرگە تىرەپ تۇرۇپ، بەدىنىنى لىكلا قىلىپ ئۆرە قىلدى. ئۇلار ئىككى قىسقا ئالدى پۇتى بىلەن رەقىبىنىڭ باش - كۆزى، مەيدىسىگە توختاۋسىز مۇشت ئاتتى، مۇسابىقە بارغانسېرى قىزىپ ئەۋجىگە چىقتى.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ھەش - پەش دېگۈچە، شياۋجى ئىككى مۇشت يەۋالدى، ئۇ يۈزىنى توسۇۋېلىش بىلەن بولۇپ قېلىپ، قول قايتۇرۇشقا پۇرسەت تاپالمىدى. بۇ چاغدا مەيدان سىرتىدىكى كۆرۈرمەنلەر:

— شياۋجى، غەيرەت قىل! شياۋجى غەيرەت قىل! - دەپ ۋارقىراشتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۆزىگە مەدەت بېرىۋاتقان ئاۋازلارنى ئاڭلىغان شياۋجى روھلاندى-
دە، كەينىگە بىر قەدەم داجىپ شياۋمىنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى دال-
دىغا ئالدى. شياۋمى تازا كۆرەڭلەپ تۇرغان پەيتتىن پايدىلىنىپ،
تۇيۇقسىزلا بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ، تاقلاپ بىرلا ئالدىغا قاراپ شى-
ياۋمىنىڭ مەيدىسىگە كۈچەپ ئۇستى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



شياۋجىنىڭ جۇغى كىچىك، ئېغىرلىقى شياۋمىغا يەتمەيدى-
غانلىقىغا قارىماي، ئۇنىڭ كۈچى ھەيران قالارلىق دەرىجى-
دە زور ئىكەن، ئۇ شياۋمىنى بىرلا ئۇسسۇپ تۆت پۇ-
تىنى ھاۋا تاپان قىلىپ قويدى. شياۋجى پۇرسەت-
نى غەنىيمەت بىلىپ ئۇزۇن قۇيرۇقى بىلەن
«پالاق - پۇلۇق» ئۇرغىلى تۇردى، ئىككى ئالدى
پۇتى بىلەنمۇ ئۇنىڭ ئۇستىبېشىغا يامغۇر
ياغقاندەك ئۇرۇۋەردى. شياۋمى ئامال
قىلالماي ئىككى ئالدى پۇتىنى كۆتۇرۇپ
يېڭىلگەنلىكىنى بىلدۇردى.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



پۈتۈن مۇسابىقە ئالدى - كەينى بولۇپ، ئۈچ مىنۇتلا داۋام قىلدى. رېپېر تاغا مۇسابىقە نەتىجىسىنى ئېلان قىلغاندا يايلاقنى ئالقىش سادالىرى بىر ئالدى. شىياۋجى كۆرۈرمەنلەرنىڭ ئۆزىگە تەقدىم قىلغان گۈللىرىنى شىياۋمىغا بەردى. مۇسابىقە مەيدانىدىكى ئىككى رەقىب بىر - بىرى بىلەن چىڭ قۇچاقلاشتى.



# قۇيرۇق تېپىش

## پائالىيەت مەقسىتى

بالىلارغا كېنگۇرۇنىڭ ياشاش ئادىتى، قۇيرۇقىنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدارى، ئۇرۇشقاق خاراك-تېرىنى ھەمدە ئوخشاش بولمىغان ھايۋانلار قۇيرۇقىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئىشلىتىلىش ئور-نىنى بىلدۈرۈش.

## پائالىيەت تەييارلىقى

كېنگۇرۇغا ئالاقىدار سىنئالغۇ دىسكىسىنى، سۈرەت ـ رەسىملەر، بېلىق، بۈغا، ئات، توشقان، يىلپىز، مايمۇن قاتارلىق ھايۋان ھەم قۇشلارنىڭ رەسىمىنى تەييارلاش.

بىردانە قول ياغلىق ياكى لۆڭگە تەييارلاش

## پائالىيەت جەريانى



1. ئائىلە باشلىقلىرى بالىسى بىلەن بىرلىكتە كېنگۇرۇغا ئائىت سىنئالغۇ دىسكىسى ياكى سۈرەت ـ رەسىملەرنى كۆرۈپ، بالىسىغا كېنگۇرۇ-نىڭ ياشاش ئادىتى ۋە قۇيرۇقىنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىگىلىتىدۇ.

2. ئائىلە باشلىقلىرى بالىسى بىلەن بىرلىكتە «قۇيرۇق تېپىش» دېگەن ئويۇننى ئوينايدۇ. بۇ ئارقىلىق بالىلار ھايۋانلارنىڭ ئۆز قۇيرۇقىنى تېپىۋېلىشىغا ياردەم بېرەلەيدىغان قىلىنىدۇ.

(1) ئائىلە باشلىقلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا بېلىق، بۈغا، يىلپىز، ئات، توشقان قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ رەسىمىنى ئېلىپ، قول ياغلىق ياكى لۆڭگە بىلەن ئۇلارنىڭ بەدىنىنى توسۇپ تۇرۇپ، پەقەت قۇيرۇقىنىلا كۆرسىتىپ، بۇ قايسى ھايۋاننىڭ قۇيرۇقى ئىكەنلىكىنى تاپقۇزىدۇ.





(2) ئائىلە باشلىقلىرى بالىسىنىڭ توغرا جاۋاب بەرگەن - بەرمىگەنلىكىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن، ھايۋانلارنىڭ بەدىنىنى توسۇپ تۇرغان نەرسىنى ئېلىۋېتىدۇ.



3. قۇيرۇقتىكى مەخپىيەتلىك، ھايۋانلار قۇيرۇقىنىڭ ھەرخىل رولىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن رەسىم ياكى سىنئالغۇ دىسكىسى كۆرسىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇۋچى قاپلاننىڭ قۇيرۇقى تەڭپۇڭ-لۇق رولىنى، بۇغىنىڭ قۇيرۇقى سىگنال - بەلگە بېرىش رولىنى، مايمۇننىڭ قۇيرۇقى بەدىنىنى ئېسىپ قويۇش رولىنى، بېلىقنىڭ قۇيرۇقى ئەگىلىش رولىنى، ئاتنىڭ قۇيرۇقى پاشا - كۆمۈتە-لارنى قوغلاش رولىنى، قۇشلارنىڭ قۇيرۇقى يۆنىلىش بەلگىلەش رولىنى ئوينايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشكە بولىدۇ.



## پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش



بالىلارغا ئىنسانلاردا ھايۋانلارغا ئوخشاش قۇيرۇق يوق بولغان بىلەن، ئەمەلىي تۇرمۇشتا ھەر خىل قورال - سايمانلار-دىن پايدىلىنىپ، ھايۋانلار قۇيرۇقى بىلەن ئورۇنلايدىغان ئىش-لارنى ئورۇنلىيالايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۆتۈش لازىم. مەسىلەن، يازدا يەلپۈگۈچ بىلەن پاشا - كۆمۈتىلارنى قوغلايمىز. سېرىك نومۇرلىرىدا، سىم ئارغامچىدا ماڭغاندا ئۇزۇن كالتەك ئارقى-لىق بەدىنىمىزنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلايمىز ۋەھاكازالار.

## پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتى

ھايۋانلار قۇيرۇقىنىڭ ئىقتىدارىنى ئىگىلىتىش ئارقىلىق بالىلارغا ئىنسانلار ئىشلىتىۋاتقان نۇرغۇن قورال - سايمانلارنىڭ تەقلىدشۇناسلىق قائىدىلىرى بويىچە ھايۋانلاردىن «ئۆگىنىپ» ياسالغانلىقىنى ئېنىق بىلدۈرۈش لازىم.




# ئۇرۇشقاق كېنگۇرۇلار

كىچىك دوست، كېنگۇرۇ (خالتىلىق چاشقان دەپمۇ ئاتىلىدۇ)لارنىڭ ئاۋستىرالىيەنىڭ كەڭ، بىپايان يايلاقلىرىدا ياشايدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇلار تىلغا ئېلىنسىلا كۆز ئالدىڭىزغا «هايۋانات دۇنياسى» پىروگراممىسىنىڭ بېشىدىكى ھېلىقى قىزىقارلىق بولغان كېنگۇرۇلار ئۇرۇشۇۋاتقان مەنزىرە كېلىدۇ. دەرۋەقە، كېنگۇرۇنىڭ تەبىئىتى ئۇرۇشقاق بولۇپ، ئۇرۇشۇش، چېلىشىش ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر مەزمۇن ھېسابلىنىدۇ. تىنچ - ئاسايىشلىق ئىچىدە، دۈشمەندىن خالىي ھايۋانات باغچىسىدا ياشايدىغان كېنگۇرۇلارمۇ، ھەردائىم «ئۆز ماھارىتى»نى مەشىق قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ «مۇشتلىشىش» ماھارىتى ھەيران قالارلىق دەرىجىدە بولۇپ، 30 مىنۇت ئىچىدە قارشى تەرەپكە 200 دىن ئارتۇق مۇشت ئاتالايدۇ!

كېنگۇرۇلارنىڭ ئىككى ئارقا پۇتى ئىنتايىن ساغلام ۋە كۈچلۈك بولۇپ يۈگۈرمەيدۇ، تاقلايدۇ. ئۇ تۆت مېتىردىن ئارتۇقراق ئېگىزلىككە تاقلىيالايدۇ، 13 مېتىردىن ئارتۇق يىراقلىققا سەكرىيەلەيدۇ. شۇڭا ئەڭ ئېگىز تاقلىيالايدىغان ۋە ئەڭ يىراققا سەكرىيەلەيدىغان سۈت ئەمگۈزگۈچى ھايۋان دېيىشكە بولىدۇ. پۈتۈنلەي مۇسكۇل بىلەن تولغان ھەم ئۇزۇن، ھەم توم قۇيرۇقىنى يەرگە تىرەپ قويۇپ بەدىنىنى ئارام ئالغۇزىدۇ، شۇنداقلا ئۇ سەكرەپ - تاقلاش جەريانىدا تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ - دە، كېنگۇرۇنىڭ تېخىمۇ تېزلىكتە يىراققا سەكرىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

ئۇنىڭدىن تاشقىرى، چوڭ كېنگۇرۇلار خەتەرگە يولۇققاندا دۈشمىنىنى قۇيرۇقى بىلەن ئۇرۇپ سۇر - توقاي قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قالتىس يامان «قورالى»نىڭ كۈچى قارا ئېيىق تاپىنىنىڭ كۈچىدىن قېلىشمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# دالادىكى كىچىك قاراۋۇل



يېرىم كېچە. ھەممە تاتلىق ئۇيقۇغا چۆمگەن، پەقەت بىڭبىڭ ئىسىملىك بىر سۇغۇر كامار ئېغىزىدا ھېلىدىن - ھېلىغا ئۇياق - بۇياققا قاراپ تۇراتتى.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

شۇ چاغدا، يېقىنلا بىر يەردىن «شىرت - شىرت» قىلغان ئاۋاز ئاڭلانغاندى، بىڭبىڭ دەرھال ئوت - چۆپلەر ئارىسىغا يوشۇرۇندى - دە، كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. ئۇ بىر نېمىنىڭ مىدىرلاۋاتقان سايىسىنى غىل - پال كۆرگەندەك بولۇپ، ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بەرمەكچى بولدى، يەنە بىر قېتىم سىنچىلاپ قارىغاندى، ئەسلىدە نۇنۇ دەيدىغان تۇلۇمچاشقان ئىكەن.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بىڭبىڭ «ئۇھ!» دەپ چوڭقۇر نەپەس ئالدى ۋە نۇنۇغا قاراپ:

— قورقىتىۋەتتىڭىزغۇ، يېرىم كېچىدە ئۇخلىماي نېمىش قىلىپ يۈرىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— قورسىقىم ئېچىپ ئۇخلىيالمىدىم، يەيدىغان نەرسە ئىزدەپ چىققانىدىم! — دېدى نۇنۇ، ئاندىن سۇغۇردىن سورىدى، — شۇنچە كەچ بولۇپ كەتسىمۇ ئۇخلىماپسىزغۇ؟





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى

بىڭبىلىڭ مەيدىسىنى كېرىپ جاۋاب بەردى:

— مەن پوستتا تۇرۇپ قاراۋۇللۇق قىلىۋاتىمەن!

— سىلەر كامارنىڭ ئىچىدە تۇرغاندىكىن بەك بىخەتەرغۇ، يەنە نېمشقا قاراۋۇللۇق قىلىسىز؟ — تازا چۈشىنەلمەي سورىدى نۇنۇ.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



دېمىسىمۇ راست ئەمەسمۇ، نۇنۇ دائىم دالادا سۇغۇرنى كۆرۈپ قالاتتى. ئۇنىڭ كامار كولاش ماھارىتىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى، كامارنى بىرنەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتا كولاپ ھەم ئۇ كامارغا بىرنەچچە يەردىن چىقىش ئېغىزى قويىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بىراق، سۇغۇرنىڭ پوستىتا تۇرۇپ قاراۋۇللۇق قىلىدىغان ئىشىدىن ئەسلا خەۋىرى يوق ئىدى.





بىڭبىڭ ئۇنىڭغا بۇ سۇغۇرلار جەمەتىنىڭ ئەنئەنىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى ھەم:

— دۇنيادىكى ھەممەيلەننىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشى ناتايىن، ئاشۇ يامانلاردىن ئېھتىيات قىلىشىمىز كېرەكتە! — دېدى.

نۇنۇ بىڭبىڭنىڭ قانداق قاراۋۇللۇق قىلىدىغانلىقىغا قىزىقىپ قالدى - دە، بىر چەتتە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى.



www.uyghurkitap.com





تۈن يېرىم كېچىدىن ئېشىپ، تولۇنئاي قىرى ئۈجمە دەرد-خى ئۈستىگە ئاستا سىلجىپ كۆتۈرۈلدى، سۈتتەك ئاي نۇرىدا بىڭبىڭنىڭ تۇكلىرى شۇ قەدەر پارقىراپ تۇراتتى، چوڭ قۇيرۇقى بولسا تېخىمۇ ئۇماق كۆرۈنەتتى. مەيىن شامال دەرەخ يوپۇرماقلىرى، ئوت - چۆپلەرنى سۆيۈپ ئۆتۈپ شىلدىر - شىلدىر ئاۋاز چىقىرات-تى. بىڭبىڭ كامار ئېغىزىدا كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ ئۇياق-تىن - بۇياقتىن مېڭىپ ئەتراپ-قا سەگەكلىك بىلەن نەزەر تاش-لايتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com





نۇنۇ ئىلگىرى بىخبىخنى پاكىنەك، ۋىجىك، سەل ھاماقەتتەك ھېس قىلاتتى. مانا بۈگۈن ئۇنىڭ ئەسلىيدە شۇنداق ئەقىللىك، شۇنداق زېرەك ئىكەنلىكىنى بايقىدى! بىردىنلا، بىخبىڭ ئارقا پۇتلىرىغا تايىنىپ تىك تۇردى، كىچىككىنە بېشىنى خۇددى قانداقتۇ گۇمانلىق ئەھۋالنى بايقىغاندەك ئۇياقتىن - بۇياققا بۇراپ قاراشقا باشلىدى.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بىغىبىلىق «گۇ - گۇك» دەپ پەس ئاۋازدا قىچقىردى، ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە زىل ئاۋازدا ئىككى رەت قىچقىردى.

— بىرىنچى قېتىم قىچقىرغىنىڭىزنىڭ مەنىسى نېمە؟ — دەپ سورىدى نۇنۇ چۈشىنەلمەي. بىغىبىلىق كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— مەن ھېلىراقتا بىر تۈلكىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، كاماردىكى ھەمراھلىرىمنىڭ قېچىش تەييارلىقى قىلىشىنى ئاگاھلاندۇرۇپ پەس ئاۋازدا قىچقىرىپ بەلگە بەردىم، — دېدى.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى



ــ ئەمىسە، ئىككىنچى قېتىملىقى نېمىدېگەن مەنىدە؟ ــ دەپ يەنە سورىدى نۇنۇ.

ــ كېيىن قارىسام، تۈلكە يىراقلاپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن زىل ئاۋازدا ئىككى قېتىم قىچقىرىپ ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىمنى بىكار قىلدىم.

نۇنۇنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن، بىڭبىڭ يەنىلا پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ئەتراپىدىكى شەپە - تىۋىشلارغا دىققەت قىلىشقا باشلاپ ئۆزىنىڭ «دالادىكى كىچىك قاراۋۇل»لۇق رو-لىنى ئاتقۇرۇشقا كىرىشتى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com







# «كىچىك قوغدىغۇچى»

## پائالىيەت مەقسىتى

پائالىيەت ئارقىلىق بالىلارغا سۇغۇرنىڭ ياشاش ئادىتى، پوستىتا تۇرۇپ قاراۋۇللۇق قىلىشىنىڭ سەۋەبلىرى، سۇغۇرنىڭ قارىماقتا ئۆز كۈشەندىلىرىگە نىسبەتەن ئاجىز، كىچىكتەك كۆرۈنگىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە باتۇر، زېرەك - چېچەن ئىكەنلىكى، بۇ ئارقىلىق بالىلارغا ئۆزىنى قوغداش ۋە ئائىلىسىدىكىلەرگە كۆيۈنۈش ئېڭىنى كۈچەيتىش تەربىيەسى ئېلىپ بېرىلىدۇ.

## پائالىيەت تەييارلىقى



1. ئائىلە باشلىقلىرى بالىلار بىلەن سۇغۇرغا ئائىت سۈرەت - رەسىم ماتېرىياللىرىنى تاپىدۇ. سۈرەت، رەسىم ۋە قول سىزما رەسىم سىزىش قاتارلىق ئۇسۇللاردىن پايدىلىنىپ بۆركۈت، ئانا سۇغۇر ۋە بالىسىنىڭ باش سۈرىتىنى تەييارلايدۇ.
2. ئائىلە باشلىقلىرى بالىسى بىلەن بىرلىكتە قەغەز ساندۇق ياكى باشقا نەرسىلەردىن پايدىلىنىپ ئادىيغىنا بىر كامار تەييارلايدۇ.
3. بۇ پائالىيەتنى سىرتتا ئېلىپ بېرىش تەۋسىيە قىلىنىدۇ.

## پائالىيەت جەريانى

1. ئائىلە باشلىقلىرى بالىسى بىلەن سىرتتا ئويۇن ئوينايدۇ. دادىسى بۆركۈت بولىدۇ، ئانا - بالا ئىككىسى سۇغۇر ۋە بالىسى بولىدۇ.



2. ئويناش ئۇسۇلى:

(1) ئانا سۇغۇر بالىسىغا ئوزۇق ئىزلەيدۇ، بالىسى ئۆيى ئالدىدا پوستىتا تۇرۇپ ئەتراپىدىكى شەپە - ھەرىكەتلەرنى كۆزىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





(2) بۇ چاغدا بىر بۆركۈت ئۇچۇپ كېلىدۇ! پوستتا تۇرغان سۇغۇر بالىسى: «بۆركۈت كەلدى! دەرھال يوشۇرۇنىڭلار!» دەپ ۋارقىرايدۇ.





(3) سۇغۇر بالىسى ئانىسىنى دەرھال كامارغا كىرگۈزۈۋېتىدۇ.





(4) سۇغۇر بالىسى كامار سىرتىدا يەنە باشقا سۇغۇرلار بار ـ يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزى تېزلىكتە يوشۇرۇنىدۇ.

دىققەت: روللارنى ئالماشتۇرۇپ ئويناشقىمۇ بولىدۇ. بۆركۈت سۇغۇر بالىسىنى تۇتماقچى بولغان چاغدا، بالا بۆركۈتنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشنى ئۆگىنىۋېلىشى ھەمدە ھەرىكىتى چەبدەس، تېز بولۇشى كېرەك.

## پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش

سۇغۇرغا ئائىت سىنئالغۇ ماتېرىياللىرىنى تېپىپ بالىلارغا كۆرسىتىش ئارقىلىق، سۇغۇرنىڭ «قاراۋۇل»-لۇق قىلغاندا ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالىنى قانداق بېرىدىغانلىقى ۋە ئۆزىنى خەتەردىن قانداق قىلىپ تېزلىكتە چەتكە ئالىدىغانلىقى بىلدۈرۈلىدۇ.

## پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتى

بۇ پائالىيەتتە بالىلارغا سۇغۇرنىڭ ياشاش ئادىتىنى بىلدۈرۈلۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پوستتا تۇرۇپ قاراۋۇللۇق قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى چۈشەندۈرگىلى، بالىلارغا خەۋپ ـ خەتەرگە ئۇچرىغان چاغدا دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئېلىش ھەمدە باشقىلارغا كۆيۈنۈشنى ئۆگىنىش ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ.




## سۇغۇرلار نەدە تۇرىدۇ؟

كىچىك دوست، سۇغۇرنىڭ يەنە ئوتلاق سۇغۇرى دەپ ئاتىلىدىغانلىقى، شىمالىي ئامېرىكا ۋە ياۋروپا-ئاسىيا قۇرۇقلۇقىدىكى بىپايان كەڭ تاغ-ئورمانلاردا ياشايدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ئۇلار توپلىشىپ ياشايدۇ، كامار كولاشقا بەك ئۇستا، نەچچە مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى كامارلارنى كولىيالايدۇ، ئۇلار بۇ كامارلىرىغا ئوت-چۆپلەرنى سېلىپ، ئارامبەخش ھۇجرىلارنىمۇ ياسىيالايدۇ.

سۇغۇرلار زاپاس ئوزۇقلۇق ساقلىمايدۇ، بەلكى ياز بويى تېنىگە ياغ يىغىپ، قىش بويى كاماردا قىشلىق ئۇيقىغا كىرىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدۇ.

قىشنىڭ ئەڭ سوغۇق ۋاقىتلىرىدا قىشلىق ئۇيقىغا كىرگەن سۇغۇرلارنىڭ يۈرەك سوقۇشى ئىنتايىن ئاستىلاپ مىنۇتىغا بىرنەچچە قېتىمغىلا چۈشۈپ قالىدۇ؛ نەپەس ئېلىشىمۇ ئاستىلاپ مىنۇتىغا ئىككى قېتىمغا چۈشۈپ قالىدۇ. شۇ ئارقىلىق تېنىدىكى ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى زور دەرىجىدە تۆۋەنلىتىدۇ. ناۋادا، تېمپېراتۇرا بەكلا تۆۋەنلەپ كەتسە، سۇغۇرنىڭ تېنىدىكى نېرۋا سىستېمىسى ئۇلارنى ئويغىتىۋېتىدۇ-دە، ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ بىر نەچچە سائەت ھەرىكەت قىلىپ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى ھاسىل قىلىۋېلىپ، ئاندىن يەنە قىشلىق ئۇيقىغا كىرىش ھالىتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

سۇغۇرلار بەكمۇ زېرەك، سەگەك كېلىدۇ، ئۇلار ھەمىشە ئەتراپتىكى ئەھۋاللارغا كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرغاندىن تاشقىرى، يەنە پوستتا تۇرىدىغان مەخسۇس «قاراۋۇل» قويىدۇ. بىرەر دۈشمەنگە ئۇچراپ قالغان ھامان «قاراۋۇل» ئاگاھلاندۇرۇش سىگنالى بېرىدۇ، ئۆز «ئەزالىرى»نىڭ ئەڭ تېز سۈرئەتتە بىخەتەر بولغانلىقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىنلا، ئۆزى يەرئاستىدىكى كامىرىغا كىرىپ كېتىدۇ.

www.uyghurkitap.com

# يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن
# «تۆت ئوخشىماس»





ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۆجەن، تۈلكىچاق، ياۋا چوشقا كۈچىكى ۋە كىرپىچاقلار سەيلە قىلىپ كېتىۋېتىپ بىر «غەلىتە مەخلۇق»نى كۆرۈپ قالدى.

— ۋىيەي، ئاۋۇنىڭغا قاراڭلارچۇ، نېمانداق غەلىتە، ئۇ كىمدۇ؟ — دەپ سورىدى كىرپىچاق ھەيران بولۇپ.

بۆجەن بۇ «غەلىتە مەخلۇق»قا تازا سەپسېلىپ قارىغاندىن كېيىن:

— كۆردۈڭلارمۇ، بېشىدا دەرەخ شاخلىرىدەك ئاچماق مۈڭگۈزى بارئىكەن، چوقۇم بۇغا، — دېدى.



تۈلكىچاق ئۇنىڭ ئاياغ ئىزىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ـــ قاراڭلار، ئاياغ ئىزى كالىنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ، ئاچا تۇياق ئىكەن، كالا بولسا توغرا بولىدۇ، ـ دېدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ياۋا چوشقا كۈچىكى بېشىنى ئىككى يانغا چايقاپ تۇرۇپ:

ــ قانداقسىگە بۇغا بولسۇن، بۇغىنىڭ بوينى تۆپتۈز بولىدۇ، ئۇنىڭ بولسا ئەگرىكەن، مېنىڭچە تۆگىمىكىن، ــ دېدى.

ــ ئۇنداق ئەمەس، قارىسام ئېشەككە بەك ئوخشاۋاتىدۇ، ــ دېدى كىرپىچاق «غەلىتە مەخلۇق»نىڭ قۇيرۇقىنى كۆرسىتىپ، ــ قاراڭلارچۇ، قۇيرۇقى ئېشەكنىڭكىگە ئوپمۇئوخشاش تۇرمامدۇ.

ھەممەيلەن بىر ھازا تالاش - تارتىش قىلىشقان بولسىمۇ ھېچكىم بىر - بىرىنى قايىل قىلالمىدى.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— تالاشمايلى، ئۆزىدىن سوراپ باقمايمىزمۇ، — تەكلىپ بەردى تۈلكىچاق. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن «غەلىتە مەخلۇق»نىڭ يېنىغا كەلدى.

ياۋا چوشقا كۈچىكى ئىنتايىن ئەدەب بىلەن:

— بۇغا ئەپەندىم، ۋاي ياق، كالا ئەپەندىم، ھەي تۆگە، ئۇنداق ئەمەس ئېشەك ئەپەندىم .... — دېدى.

— كەچۈرۈڭ، — كىرپىچاق ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋېتىپ، — سىزنى نېمە دەپ ئاتىساق بولىدىكىن؟ — دېدى.





www.uyghurkitap.com

«غەلىتە مەخلۇق» كۈلۈپ كېتىپ:

— سىلەرنىڭ ھەممە گېپىڭلارنى ئاڭلاپ تۇردۇم. سىرتقى قىياپەتىمدىن قارىساڭلار تۇيقىم كالىنىڭكىگە، مۈڭگۈزۈم بۇغىنىڭكىگە، بوينۇم تۆگىنىڭكىگە، قۇيرۇقۇم بولسا ئېشەكنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە مەن كالا ئەمەس، تۆگە ئەمەس، ئېشەكمۇ ئەمەس، كىشىلەر مېنى «تۆت ئوخشىماس» دېيىشىدۇ، مېنىڭ ھەقىقىي ئىسىم — قانداغاي، — دېدى.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com

— قانداغاي؟ ئىلگىرى سىزنى نېمىشقا كۆرۈپ باقمىدۇق؟ — ھەيرانلىقتا سوراشتى ھەممەيلەن.

— ھا ... ھا ... ھا ...، — كۈلۈپ كەتتى قانداغاي، — بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا بىز مۇشۇ يەردە ياشايتتۇق، لېكىن يۈز يىللار ئىلگىرى كەلكۈن ئاپىتى ۋە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيلىدىن ئەجدادلىرىمىزنىڭ جۇڭگودىكى ئەسلىي زېمىنىدا نەسلى ئاساسەن قۇرۇپ كېتىپتۇ.





كىتاب تورى بىكىتى
www.uyghurkitap.com

— ئاز بىر قىسىملا چەت ئەللەرگە سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ
چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، ھاۋاسى، مۇھىتىغا كۆنەلمەي ئارقا ـ ئار-
قىدىن ئۆلۈپ كېتىپ ئەجداد ـ ئەۋلادلىرىمىز شۇنىڭ بىلەن بارا ـ
بارا ئازىيىپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بۆجەننىڭ كۆزجىيەكلىرى تېخىمۇ قىزى-
رىپ كەتتى. تۈلكىچاقمۇ كۆزلىرىگە ياش ئالغان ھالدا:

— ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟ — دەپ سورىدى.





ــ ھېلىمۇ ياخشى، كېيىنچە ئەنگلىيەلىك كىنەز بىلفورت چەت ئەللەردىكى قانداغايلارنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۆز قورۇقىدا قوتاندا بېقىپتۇ. ئۇنىڭ پەرۋىش قىلىشى بىلەن ئەجدادلىرىم ئامان قاپتۇ، ئائىلە ئەزالىرىمىزمۇ بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلاپتۇ، ــ دېدى قانداغاي خۇشال بولۇپ.

ھەممەيلەننىڭ ئەنسىزلىك ئىچىدە قالغان يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ ئۇھ دېيىشىپ قانداغاي ئۈچۈن خۇشال بولۇشتى.

ــ بىراق، سىلەر يەنە نېمىشقا قايتىپ كەلدىڭلار؟ ــ قىزىقىپ سورىدى بۆجەن.





ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com





ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى



قانداغاي يىراقلارغا نەزەر تاشلاپ ھاياجانلانغان ھالدا:

— بىز قەيەرگىلا بارمايلى، بىزنىڭ يۇرت - ماكانىمىز جۇڭگو ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىدۇق. بىز قايتىپ كېلىدىغان كۈنلەرنىڭ ھامان كېلىدىغانلىقىنى كۈتتۇق، — دېدى. ئۇ ھەممەيلەنگە بىر قۇر قارىۋەتكەندىن كېيىن گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — كېيىن بىز بۇ غايىمىزنى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشۇردۇق. جۇڭگولۇق ئالىملار بىزنى ئاشۇ يىراق ئەنگلىيەدىن قايتۇرۇپ كەلدى. ئۇ چاغدا قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىمىزنى بىلمەيسىلەردە!

— ۋاھ! - ئۇلار ئۆزلىرىنى باسالماي چاۋاك چېلىپ خۇشال بولۇشۇپ كەتتى.



ــ مانا ئەمدى سىلەر ئاخىرى يۇرتىڭلارنىڭ تۇپرىقىدا بەختلىك ياشىيالايدىغان بولدۇڭلار! ــ دېدى ياۋا چوشقا كۈچىكى. قانداغاي خۇشال بولۇپ:

ــ شۇ ئەمەسمۇ، ئالىملار ئەجدادلىرىمىز ئىلگىرى ياشىغان جايدا ئالايىتەن قانداغاي باغچىسى ياسىدى، بىز ئۇ يەردە شاد - خۇرام ياشاۋاتىمىز، بىزنىڭكىگە بېرىپ مېھمان بولۇشنى ئۇنتۇپ قالماڭلار، جۇمۇ! ــ دېدى.






ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com








## تېپىپ بېقىڭە، ئۇ نېمە؟

### پائالىيەت مەقسىتى

بۇ پائالىيەت ئارقىلىق بالىلارغا ئېلىمىز بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان قاندا-غاي تونۇتىلىدۇ، ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىدىكى ئالاھىدىلىك ۋە جاپالىق كەچۈرمىشلىرى چۈشەندۈ-رۈلىدۇ، شۇ ئارقىلىق بالىلارنىڭ ھايۋانلارنى قوغداش ئېڭى ئۆستۈرۈلىدۇ.

### پائالىيەت تەييارلىقى

بالىلار ئائىلە باشلىقلىرى بىلەن بىرلىكتە قانداغايغا ئالاقىدار رەسىملەر ۋە ماتېرىياللارنى يىغىپ توپلايدۇ.

بالىلار قانداغاي باغچىسىغا ئېكسكۇرسىيەگە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

### پائالىيەت جەريانى

1. بالىلارنى ئائىلە باشلىقلىرى قانداغاي باغچىسىغا ئېلىپ بېرىپ، قانداغاينىڭ تارىخىنى بىلدۈرىدۇ: سەككىز دۆلەت بىرلەشمە ئارمىيەسى بېيجىڭغا بېسىپ كىرگەندىن كېيىن نەنخەيزىدىكى قان-داغايلار بۇلاڭ ـ تالاڭ ۋە قىرغىنچىلىققا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ جۇڭگودا نەسلى قۇرۇپ كېتىدۇ. 1985 ـ يىلى كىنەز بىلفورتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ـــ ماركىز تاۋستوك 38 تۇياق قانداغاينى جۇڭگوغا تەقدىم قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قانداغاي يەنە ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىدۇ.



www.uyghurkitap.com







2. باللار قانداغاينى سىزىپ باقسۇن.

3. باللار قانداغاينىڭ تاشقى قىياپەت ئالاھىدىلىكىنى ئېيتىپ باقسۇن.





## پائالىيەتنى داۋاملاشتۇرۇش

1. يىغىپ توپلىغان ماتېرىياللارنى ئۆيىنىڭ بىر چېتىگە قويۇپ، باللارغا مۇئەييەن كۆزىتىش ۋە تونۇشۇش ۋاقتى بېرىش.

2. ئائىلە باشلىقلىرى باللىرىغا باشقا ئەتىۋارلىق ھايۋانلارنىڭ، ئالايلى، دۆلەت گۆھىرى مۇشۇكئېيىق قاتارلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھايۋانلارنى قوغداش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش.

## پائالىيەتنىڭ ئەھمىيىتى

بۇ پائالىيەت ئارقىلىق، باللارغا قانداغاينىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە تارىخى، نېمە ئۈچۈن دۆلەت بويىچە 1 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان بولغانلىق سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ھايۋانلارنى قوغداش، كەڭ تەبىئەتنى ئاسراش ئېڭى ئۆستۈرۈلىدۇ.

## قانداغاي زادى قانداق بولىدۇ؟

كىچىك دوست، سىز قانداغاينى كۆرۈپ باققانمۇ؟
ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن قارىغاندا «تۇيىقى كالىنىڭكى-
گە، بېشى ئاتقا، قۇيرۇقى ئېشەككە، مۈڭگۈزى بۇغىنىڭ-
كىگە ھەم ئوخشاپ كېتىدۇ، ھەم ئانچە ئوخشىمايدۇ.»
شۇڭا «تۆت ئوخشىماس» دەپ ئاتىلىدۇ.
ھەممە قانداغاينىڭ مۈڭگۈزى بولمايدۇ، پەقەت
ئەركەك قانداغايدىلا مۈڭگۈز بولىدۇ. بويۇن ۋە دۈمبىلى-
رى بىر قەدەر توم ۋە قاۋۇل، پۇتلىرى يوغان ۋە توم بولى-
دۇ. چىشى قانداغايلارنىڭ مۈڭگۈزى بولمايدۇ، بەدىنى
سەل كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇيىقى كەڭ ھەم چوڭ
بولۇپ ئارىسى ئېچىلىدۇ، سازلىقلاردا يۈرۈشكە قولايلىق.
ياز كۈنلىرى يۇڭى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدە، قىشتا كۈل رەڭ
قوڭۇر رەڭدە بولىدۇ. يېڭى تۇغۇلغان قانداغاينىڭ يۇڭى
ئاپىلسىن رەڭگىدە بولۇپ ئۈستىدە ئاقۇش داغلار بولىدۇ.
قانداغاي چوڭ تىپتىكى ئوتخور ھايۋان. يۈز يىللار
ئىلگىرى كەلكۈن ئاپىتى ۋە ئۇرۇش مالىمانچىلىقى تۈپەيى-
لىدىن ئۇلارنىڭ جۇڭگو زېمىنىدا نەسلى قۇرۇپ كەتكەن.
ئاز بىر قىسمى ياۋروپادىكى ھايۋانات باغچىسىدا بەختكە
يارىشا ساقلىنىپ قالغان. 80 ـ يىللارغا كەلگەندىلا، ئۇلار
ئۆز يۇرتى ــ بېيجىڭ نەنخەيزىگە قايتىپ كېلەلىدى.
ھازىر جياڭسۇ، بېيجىڭ ۋە خۇبېي قاتارلىق جايلاردا قاندا-
غاي تەبىئىي ئاسراش رايونلىرى قۇرۇلدى.



ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىخەتەر ئادرېسى

## سۆيۈملۈك كىچىك دوستلار:

بۇ قىزىقارلىق چۆچەكلەرنى ئوقۇپ قانداق تەسىراتلارنى ئالدىڭلار!

قېنى يېزىپ بېقىڭلار!



www.uyghurkitap.com



图书在版编目(CIP)数据

《红蜻蜓》儿童童话绘本系列. 塘里的"呢怪" :维吾尔文 / 沙达提·依明编译. -- 乌鲁木齐 : 新疆美术摄影出版社, 2013.4
ISBN 978-7-5469-3922-3

Ⅰ. ①红… Ⅱ. ①沙… Ⅲ. ①儿童文学－图画故事－中国－当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2013)第 077029 号

选题策划：于文胜
责任编辑：木拉提·阿里木
马木提·司马义
责任校对：米日班·努尔艾合买提
美术编辑：阿扎提·巴拉提
责任决审：亚森·吾布力哈斯木
责任印制：刘伟煜

书　名　《红蜻蜓》儿童童话绘本系列——塘里的"泥怪"（维吾尔文）
译　者　沙达提·依明
出　版　新疆美术摄影出版社
地　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号
邮　编　830026
发　行　新疆新华书店
网　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
制　版　乌鲁木齐标杆集印务有限公司
印　刷　北京新华印刷有限公司
开　本　787 mm × 1092 mm　1/16
印　张　8
版　次　2014 年 10 月第 1 版
印　次　2014 年 10 月第 1 次印刷
书　号　ISBN 978-7-5469-3922-3
定　价　29.80 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）